# شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 9 - ئاي
6
جۈمە
维吾尔文 9月6日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24810 - سان بۈگۈن 8 بەت


## شى جىنپىڭ 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** 4 - نۆۋەتلىك جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى كۆرگەزمىسى 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى نىڭشىيا يىنچۈەندە باشلاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، جۇڭگو — ئەرەب دۆلەتلىرى ئىككى تەرەپ دەۋر ئېقىمى ۋە ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىپ، قول تۇتۇشۇپ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش پائالىيىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسنى زىممىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك

### ۋاڭ خۇنىڭ 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋە نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشكۈچىلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا، مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش پائالىيىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى پەيتىدە، مەركەز مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتى يېڭى بىر نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنى باھالىدى، تەقدىرلىدى، بۇ، ياخشى كەيپىياتنى تەشەببۇس قىلىش، ئاكتىپ كۈچنى ئەۋج ئالدۇرۇش، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ يۈكسىلىشى، ياخشىلىققا ئىنتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرى ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، خەلققە ئۆزىنى بېغىشلايدىغان ئائىلە دۆلەت مۇھەببىتىنى، توختىماي ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرىدىغان، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش روھىنى، پائال ئىلگىرىلەيدىغان، ئەخلاق - پەزىلەتكە، ياخشىلىققا ئىنتىلىدىغان ئالىيجاناب پەزىلىتىنى نامايان قىلدى. ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىلغار ئىش ئىزلىرىنى كەڭ تەشۋىق قىلىپ، ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كىشىلەرنى ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىدىن ئۆگىنىپ، تىرىشىپ ئالىيجاناب ئەخلاقنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلەردىن، مەدەنىي كەيپىياتنى قوغدىغۇچىلاردىن، گۈزەل تۇرمۇشنى ياراتقۇچىلاردىن بولۇشقا يېتەكلەش كېرەك. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلدە كۆرسىتىپ، جەمئىيەت ئومۇمىي ئەخلاقى، كەسىپ ئەخلاقى، ئائىلىۋى گۈزەل ئەخلاق، شەخسىي ئەخلاق - پەزىلەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش زور ۋەزىپىسنى زىممىگە ئالالايدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى كۈچەپ يېتىشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك ئەخلاقنىڭ ئىللىق نۇرى ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىنى ئىللىتىپ، مەدەنىيلىك مېھىر - شەپقىتى ئارقىلىق جەمئىيەتنى ئوزۇقلاندۇرۇپ، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش، جۇڭگو ئارزۇسىنى ئورتاق ئىشقا ئاشۇرۇشنى قۇدرەتلىك مەنىۋى كۈچ ۋە ئەخلاق تىرەكى بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

### ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىگرۈي** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى (دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلار كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كۈرەش قىلىش ئىرادىسىنى چېنىقتۇرۇپ، كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# كۈرەش قىلىش قانۇنىيىتىنى ئىگىلەپ، كۈرەش قىلىش ئۇسۇلىغا ئەھمىيەت بېرەيلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

**□خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى**

ھەم سىياسىي جەھەتتە قاتتىق سىناقلاردىن ئۆتەلەيدىغان بولۇش، ھەم ماھارىتى يۇقىرى، كۈچلۈك بولۇش كېرەك. نۇرغۇن يېڭى تارىخىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئۇلۇغ كۈرەش ئېلىپ بېرىشتا، ھەم كۈرەش قىلىش روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش، ھەم كۈرەش قىلىش ماھارىتىنى كۈچەيتىش كېرەك.

«كۈرەش قىلىش بىر سەنئەت، كۈرەش قىلىشتا ماھىر بولۇش كېرەك.» 2019 - يىلى كۈز مەۋسۇملۇق مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپى(دۆلەت مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ ئوتتۇرا ياش، ياش كادىرلارنى تەربىيەلەش كۇرسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ تارىخ بىلەن رېئاللىقنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش، خەلقئارا بىلەن دۆلەت ئىچىنى ئۆزئارا باغلاش، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت كەڭ نەزەر دائىرىسى بىلەن، كەڭ كادىرلار،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**

### مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يېتەكچى پىكىر بېسىپ تارقاتتى

# 2 - تۈركۈمدىكى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلىدۇ

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى تېلېگراممىسى** يېقىندا، مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «2 - تۈركۈمدىكى ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى يېتەكچى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، 2 - تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھى ۋە مەركەزنىڭ ئورۇنلاشتۇرما - تەلەپلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى تۈپ ۋەزىپە قىلىپ، ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاش، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش ئومۇمىي تەلىپىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەپ، ئىدىيەۋى تونۇشنى تۇتۇش جايىدا بولۇش،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

### شۆھرەت زاكىر ئىلى ئوبلاستىدا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

# قەتئىي تەۋرەنمەي سىياسىي مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ، نامراتلىقتىن مۇقىم قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمىنى ئورنىتىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنىدىن 5 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى، نىلقا ناھىيەسىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجە - ئۈنۈمىنى سىناپ، «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»نى چىڭ كۆزلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، مىخ قېقىش روھى بىلەن نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# قۇربان نىياز، يوۋ لياڭېك شەرەپ بىلەن 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى

### شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەندىن 13 كىشى 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى نامىنى ئاتاش مۇكاپاتىغا ئېرىشتى

مۇخبىرىمىز **جاڭ جىلى** خەۋەر قىلىدۇ: 9 - ئاينىڭ 5 - كۈنى، 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىلىرىنىڭ ئىسىملىكى ئېلان قىلىندى. شىنجاڭ ۋە بىڭتۇەندىن ئىككى كىشى شەرەپ بىلەن 7 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەخلاق نەمۇنىچىسى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ئۇچتۇرپان ناھىيەسىنىڭ ئىماملىرىم بازىرى دۆلەت ئورتاق تىل باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ مەكتەپ مۇدىرى قۇربان نىياز، بىڭتۇەن 1 - شى 13 - تۇەن 11 - لىيەننىڭ «ئىككى كومىتېت» ئەزاسى يوۋ لياڭېك.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)



**شىنجاڭ ياخشى جاي**

كۈزدە ئالتۇن رەڭگە پۈركەلگەن يايلاقتىكى قۇمتاغ

**قومۇلنىڭ شىمالىدىكى يايلاقتىكى قۇمتاغ مەنزىرىسى (9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى تارتىلغان). ھازىر، قومۇلنىڭ شىمالىدىكى يايلاق تەدرىجىي ئالتۇن رەڭگە پۈركەلدى، ئالتۇن رەڭلىك يايلاق ۋە يايلاقتا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان مىڭشاشەن قۇمتېغى بىر - بىرىنى چاقنىتىپ، كۆز كۆنلىرىدىكى ئۆزگىچە مەنزىرىگە ئايلاندى. □سەي زېڭلى فوتوسى**

**سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر**
كەسىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى زىيارىتى

# ئاپتونوم رايونىمىزدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئەقلىي ئىقتىدارلاشتۇرۇش دەۋرىگە قەدەم قويدى

مۇخبىرىمىز **ليۇ يىنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ئىدارىسىدىن ئۇقۇشىچە، بۇ يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز سىياسەت جەھەتتىن يېتەكلەش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، يۇقىرى قۇۋۋەتلىك، يۇقىرى ئىقتىدارلىق، قوشما مەشغۇلات قىلىدىغان يېزا ئىگىلىك ماشىنا - ئۈسكۈنىلىرىنى پائال ئومۇملاشتۇرۇپ، كونا، ئەسكى، ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى يېڭىغا ئالماشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، بىر تۈركۈم ئەقلىي ئىقتىدارلىق، ئۇچۇرلاشقان ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا ئىشلەتكەن. 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ياردەم تولۇقلىمىسى مەبلىغىدىن جەمئىي 521 مىليون يۈەن يولغا قويۇلۇپ، 25 مىڭ 650 دانە(يۈرۈش) ماشىنا - ئۈسكۈنىگە ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىلىپ، 18 مىڭ 500 دېھقان ئائىلىسى نەپكە ئېرىشكەن، بۇنىڭ ئىچىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست %57تىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز سۇ تېجەپ سۇغىرىش، دەل جايىدا يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرىدا مەشغۇلات قىلىش قاتارلىق ماشىنىلاشقان تېخنىكىلارنى پائال كېڭەيتىپ، يېشىل، مۇھىت ئاسرايدىغان، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، تېجەشلىك ماشىنىلاشقان ئۈسكۈنە ۋە تېخنىكىلارنىڭ كېڭەيتىلىشى، قوللىنىلىشىنى زورايتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئېنېرگىيە تېجەپ سەرپىياتنى تۆۋەنلىتىدىغان يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن تۆتى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى تېخنىكىسىنى كۆجۈملەشتۈرۈش ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدىن 40ى قۇرۇلۇپ، بىر تۈركۈم ئوغۇت تېجەيدىغان، ئۇرۇق تېجەيدىغان، سۇ تېجەيدىغان تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر كۆجۈملەشتۈرۈلۈپ سەپلىنىپ، ئۈلگە كۆرسىتىش رايونىدا ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)